# CHINA | جوڭگو (خىتاي)

TIER 1 | USCIRF-RECOMMENDED COUNTRY OF PARTICULAR CONCERN (CPC)

ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتى ئامېرىكا فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەقىل ۋە تەرەپسىز بىر ئورگىنى بولۇپ، بۇ كومىتېت چەتئەللەردىكى ئۇنىۋېرسال ھەق بولغان دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىك ئەھۋاللىرىنى نازارەت قىلىدۇ. 1998 . يىلدىكى خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك قانۇنىغا ئاساسەن قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ كومىتېت خەلقئارا ئۆلچەمگە ئاساسەن چەتئەللەردىكى دىنىي ئەركىنلىككە دەخلى – تەرۇز قىلىش ئەھۋاللىرىنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولۇپ، پرېزىدېنت، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى، ۋە دۆلەت مەجلىسىگە مەسلىھەت (سىياسىي تەكلىپلەرنى) بېرىدۇ. ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتى ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىن پەرقلىق ۋە مۇستەقىل بىر ئورگان. 2019- يىللىق دوكلات ئۆتكەن بىر يىللىق خىزمەت نەتىجىلىرىنى نامايان قىلدى، كومىسسار ۋە كەسپىي خادىملار ھوقۇققا دەخلى – تەرۆز قىلىش ئەھۋاللىرىنى دەلىل – ئىسپاتلىرى بىلەن خاتىرىلەيدۇ ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە مۇستەقىل سىياسىي تەكلىپلەرنى بېرىدۇ. 2019 - يىللىق دوكلات، 2018- يىلى يانۋاردىن 2018- يىلى دېكابىرغىچە بولغان ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، لېكىن بىز بۇ مەزگىلدىن بۇرۇن ۋە كېيىن يۈز بەرگەن بەزەن مۇھىم بولغان ۋەقەلەرنىمۇ تىلغا ئالدۇق. ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتى توغرۇلۇق تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇر ئىگىلىمەكچى بولسىڭىز تور بۇ تور [ئادرېسىغا](https://www.uscirf.gov) قاراڭ ياكى 3240-523 -202 نۇمۇرلۇق تېلېفون ئارقىلىق ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتى بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلىڭ.

## جوڭگو (خىتاي)

**ئاساسلىق خۇلاسە**: دىنىي ئىشلاردىكى يېڭى تۈزۈم - 2018 . يىلى فېۋرال "قانۇنسىز" دىنىي ئوقۇتۇشنى چەكلەشنى يولغا قويدى ۋە دىنىي گۇرۇپپىلارنىڭ توردا ئېلىپ بارغان پائالىيىتىنى دوكلات قىلىشنى تەلەپ قىلغاندىن كىيىن 2018 . يىلدا جوڭگونىڭ (خىتاينىڭ) دىنىي ئەركىنلىك ئەھۋالى سەلبىي تەرەپكە قاراپ يۈزلەندى. دىنىي – ئېتىقادنى خىتايلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى بىلەن بارلىق دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان گۇرۇپپىلار جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچۇردى. بۇ ھەرىكەت دىنىنىڭ مۇستەقىل ئۆز ئالدىغا ئىش قىلىشنى يوق قىلىپلا قالماستىن، دىنىي ۋە ئېتنىك گۇرۇپپىلارنىڭ مەدىنىيەت ۋە تىل مىراسلىرىنى يوق قىلدى، بولۇپمۇ تىبەتلىك راھىبلار ۋە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ تىلى ۋە مەدىنىيىتىنى يۇق قىلدى. ياز ۋاقتىدا ھۆكۈمەت شىنجاڭدا 800.000 بەلكى ئىككى ملىيوندىن كۆپ ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنى تۇتقۇن قىلدى. بىر ملىيون پارتىيە كادىرلىرىنى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇدى، ئۇلار ئاتالمىش دىنىي "ئاشقۇنلۇق" ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرخىل قىلمىش ۋە ھەركەتلەرنى دوكلات قىلدى. جوڭگو ھۆكۇمىتى يۇقىرى سەۋىيەدىكى نازارەت قىلىش تېخنىكىسىنى داۋاملىق ئىشلىتىپ، تىبەتلىك راھىبلارنى باستۇردى. سېنتەبىردە، ۋاتىكان جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭى باش روھانىلارنىڭ تەيىنلىنىشىگە ۋاقىتلىق قوشۇلدى؛ لېكىن يىل ئاخىرغا كەلگەندە يەر ئاستى كاتولىك چىركاۋلارغا قارىتا باستۇرۇش تېخىمۇ كۈچەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھۆكۈمەت زىئون چېركاۋى، روڭگۇيلى چىركاۋى، ئېرلى رۈئەيىن كونۋېنانت (باش يامغۇر كىلىشىم) چىركاۋىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۈزلىگەن پېروتېستانت دىنىنىڭ ئۆي چىركاۋلىرىغا ھۇجۇم قىلدى ياكى تاقىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، بىر يىل ئىچىدە 900 دىن كۆپ فالۇنگۇڭچىلار پەقەت ئىبادەت قىلغانلىقى ياكى فالۇنگۇڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەرنى تارقاتقانلىقى ئۇچۈن قولغا ئېلىندى. 2018. يىلى مارتتا، دىنىي ئىشلار ئۇستىدىكى ئەدلىيە ھوقۇقى ھۆكۈمەتتىن جوڭگو كوممۇنىست پارتىيىگە ئالماشتى. دىن ۋە پارتىيە ئارىسىدىكى توسالغۇ تېخىمۇ ئازايدى.

جۇڭگونىڭ سىستېمىلىق ۋە دەۋاملىق دىنىي ئەركىنلىكنى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىشى سەۋەبلىك، ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىي جوڭگونى يەنە بىر قېتىم «ئالاھىدە ئەندىشىلىك دۆلەت» دەپ بەلگىلىدى. ياكى خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك قانۇنىغا ئاساسەن «ئالاھىدە ئەندىشىلىك دۆلەت» دەپ بەلگىلىدى. 1999 يىلىدىن بۇيان، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى جوڭگونى ئىزچىل «ئالاھىدە ئەندىشىلىك دۆلەت» دەپ كۆرسىتىپ كەلمەكتە. بۇنىڭ ئەڭ يېقىنقىسى 2018. يىلى نۇيابىردىكى ھساپلىنىدۇ. ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىي ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنى خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك قانۇنىغا ئاساسەن جوڭگونى قايتا «ئالاھىدە ئەندىشىلىك دۆلەت» دەپ كۆرسىتىشنى، 1990 ۋە 1991 يىلدىكى چەتئەل مۇناسىۋەتلەر ھوقۇق قانۇنىنىڭ 101-246 ماددىسى ئاساسىدا ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان ئېكسپورت چەكلىمىسىنىڭ داۋام قىلىشىنى تەكلىپ قىلىدۇ.

**ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە بېرىدىغان تەكلىپلىرىمىز تۆۋەندىكىچە:**

- داۋام قىلىۋاتقان تىجارەت كېڭىشى، ئامېرىكا ۋە جوڭگو دىپلوماتىك ۋە بىخەتەرلىك دىئالوگى جەريانىدا ۋە باشقا بارلىق ئامېرىكا ۋە جوڭگو ئۆز-ئارا مۇناسىۋەتلىرىدە، دىنىي ئەركىنلىك ۋە ئىنسان ھەقلىرىنى (دىپلوماتىك چارىلەرنى) دىققەتكە ئېلىشى، جوڭگودىكى ئالاھىدە دىنىي گۇرۇپپىلار (جامائەتلەر) بىلەن ئالاقە قىلىدىغان ئۇيغۇن يوللارنى تېپىپ چىقىش؛

- مەدىنيەت ۋە تىل مىراسلىرىنى، دىنىي كىملىكنى ۋە ئېتىقاتچى ئاممىنى قوغدايدىغان پروگراممىلارنى (تۈرلەرنى) ، دىنىي ئەركىنلىكى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندىگە ئۇچراپ سىياسىي پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنى دەلىل بىلەن ئىسپاتلاشنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش؛

- بۇلۇپمۇ ئاسىيادىكى ئامرېكىنىڭ ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرى ۋە شېرىكلىرى بىلەن ماسلىشىپ، جازالاش، ۋىزىنى چەكلەش، ئۇچۇق ئاشكارا سىياسەت يۈرگۈزۈش، جوڭگونىڭ دىنىي ئەركىنلىكنى باستۇرۇشىغا قارشى باشقا ئەمىلى ھەركەتكە ئۆتۈش؛

- چەتئەل ھۆكۈمەتلىرى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ سىياسى پاناھلىق تىلىگۈچىلەرگە مەسئۇل كومىسسار بىلەن بىرلىكتە جوڭگۇدا دىنىي زىيانكەشلىككە ئۇچراپ سىياسى پاناھلىق تىلىگۈچى شەخسلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛

- جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ جوڭگو ئىچىدىكى دىنىي ئەركىنلىك دەپسەندىچىلىكىگە قارىتا ئامېرىكىدا ئوتتۇرغا چىققان ئۇچۇر ۋە قوللاشنى باستۇرۇشىغا ۋە تەسىرگە ئامېرىكىدىكى كارخا، شىركەت، شەخسى تەشكىلاتلار ۋە ئاكادېمىيك ئىنستىتۇتلار بىلەن ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە قارشى تۇرۇشى كېرەك.

ئامېرىكا مەجلىسى تۆۋەندىكىلەرنى قىلىش كېرەك:

- خىتاي ھۆكۈمەتىنىڭ دىنىي ۋە ئېتنىك گۇرۇپپىلارنى نازارەت قىلىش ۋە راھەتسىز قىلىش قابىلىيىتىنى كۈچەيتىدىغان نازارەت قىلىش ۋە بىئومېترىك ئۈسكۈنىلىرىگە ئوخشاش يۇقىرى سەۋىيىدىكى تېخنىكىلارنىڭ ئامېرىكىدىن خىتايغا ئېكسپورت قىلىشنى چەكلەيدىغان قانۇنىنىڭ چىقىشىنى قوللاش؛ ئامېرىكا ۋە جوڭگو مۇناسىۋەتلىرىدە دىنىي ئەركىنلىكنى كۈن تەرتىپكە ئېلىپ كىلىش؛

**ئارقا كۆرۈنۈشى**

| |
|---|
| **جوڭگو (خىتاي)**<br>**تۇلۇق ئىسمى:** جوڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتى<br>**ھۆكۈمەت**: كومىنىست دۆۋلەت<br>**نوپۇسى:** 986. 688. 384..1<br>**ھۆكۈمەت قوبۇل قىلغان دىنلار:** بۇددىزىم، تاۋىزىم، ئىسلام دىنىي، خرىستىيان دىنىي (كاتولىك ۋە پروتېستانت)؛ ھۆكۈمەت دىنسىز دەپ خاتىرلەنگەن.<br>**نوپۇس ئىستاتىستىكىسى***:<br>بۇددىستلار : % 18.2<br>خرىستىئانلار: % 5.1<br>مۇسۇلمانلار: %1.8<br>خەلق ئىچىدىكى دىنلار:%21.9<br>دىن بىلەن بىر بېغى (ئالاقىسى) بولمىغانلار: % 52.2<br>باشقا گۇرۇپپىلار: تاۋىست، ھىندى، يەھۇدى ۋە باشقىلار<br>*سانلىق مەلۇماتلار، ئامېرىكا بىخەتەرلىك ئىدارىسى تۈزگەن (CIA World Factbook) كىتابىتىن ئېلىندى. |

جوڭگو ئاساسى قانۇنىنىڭ 36. ماددىسىدا پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى ئېتىراپ قىلىنغان ۋە ھۆكۈمەت "نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى" قوغدايدۇ دېيىلگەن. لېكىن، بۇ ئەركىنلىك، دىنىي پائالىيەتلەر جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇشقا، پۇقرالارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان سېلىشقا ۋە مائارىپ سىستېمىسىغا دەخلى قىلىشقا بولمايدۇ دېگەن تەلەپكە ئاساسەن چەكلەنگەن. ئاساسى قانۇن "چەتئەلنىڭ باشقۇرۇش ۋە تەسىرى ئاستىدا قالغان" دىنىي جەمئىيەتلەرنى چەكلىگەن، ھۆكۈمەت بۇ قانۇن ھۆكۈمىنى ئىشلىتىپ ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنى، تىبەت راھىبلىرىنى، خرىستىئان ۋە باشقا دىنىي گۇرۇپپىلارنى باستۇرغان.

2018. يىلى، شىجىنپىڭ داۋاملىق ھوقۇقنى مۇستەھكەملىگەن؛ مارتتا خەلق قۇرۇلتىيى پرېزىدېنتنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنى چەكسىز قىلغان، شىجىنپىڭنىڭ ئۆمۈر بويى پرېزىدېنتلىق ۋەزىپە ئۆتەشى ئۈچۈن رۇخسەت قىلغان ۋە "شىجىنپىڭ ئىدىيىسى" ئاساسى قانۇنغا كىرگۈزگەن. 2018. يىلدا، ھۆكۈمەت ئىنسان ھەقلىرى ۋە دىنىي ئەركىنلىكنى قوغدىغۇچىلارنى داۋاملىق باستۇرغان. مەسىلەن، ئىنسان ھەقلىرى ۋە دىنىي ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇپ تونۇلغان داڭلىق ئادۋوكات گاۋزىشىڭ 2018. يىلىدىمۇ قەيەردە ۋە سالامەتلىك ئەھۋلىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى توغرۇلۇق خەۋەر ئېلىنمىغان. 2018. يىلى يېۋۇرال، پوپلارغا ۋە دىنىي ئىبادەت قىلغانلىقى ئۈچۈن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ ئادۋوكاتلىقنى قىلغان ئىنسان ھەقلىرى ئادۋوكاتى كۇتۇلمىگەن ئەھۋالدا ۋاپات بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ يىل ئىچىدە دىنىي ئەركىنلىكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنى قوغدىغان كۆپلىگەن ئىنسان ھوقۇقى ئادۋوكاتلىرىنىڭ ئادۋوكاتلىق كىنىشكىسى بىكار قىلىنغان ياكى ئېلىۋېلىنغان. 2018. يىلى ئۆكتەبىردە، ئامېرىكا پالاتاسىنىڭ خىتاي ئىجرا كومىتېتىي خىتاي تۈرمىلىرىدىكى ۋىجدان مەھبۇسلىرىنى ئەڭ ئاز بولغاندا 1422 دېدى (زور مىقداردا تۇتقۇن قىلىنغان ئۇيغۇرلار بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس) . تۈرمىدىكى 700 كىشىنىڭ 145 بولسا راھىبلار، پوپلار ۋە باشقا دىنلارنىڭ رەھبەرلىرى بولۇپ، ئاتالمىش "قانۇنسىز" دىنىي پائالىيەتكە

قېتىلدى دەپ تۇتقۇن قىلىنغان. ھۆكۈمەت دىنىي ئەركىنلىكنىڭ دەپسەندىگە ئۇچرىشى توغرىسا  تورغا خەۋەر يوللىغان كۆپلىگەن مۇخبىرلارنى  تۇتقۇن قىلغان.  ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى  ئاتالمىش  "دەۋلەت مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاش" جىنايىتى بىلەن قامالغان.

پېۋرالدا، يېڭى دىنىي ئىشلار تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، شىجىنپىڭنىڭ دىنى سىياستى ئىجرا قىلىنىشقا باشلاندى. يېڭى تۈزۈمدە دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ تىزىملىتىش ئۈچۈن ئىنچىكە ۋە قاتتىق ئۆلچەملەر قويۇلدى.  دىنىي گۇرۇپپىلارنى قانۇنى شەخسلەرگە ئوخشاش سالاھىيەت ئۈچۈن ئىلتىماس قىلىشقا يول قويىدى (گورۇپپىلارنىڭمۇ شەخسلەرگە ئوخشاش ھەق ھوقۇقى بولىدىغان)، لېكىن كۆپلىگەن گۇرۇپپىلار تىزىملىتىشنى رەت قىلدى، چۈنكى ئۇنداق قىلغان تەقدىردە دۆلەت رۇخسەت قىلغان ۋەتەنپەرۋەر دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ يولىيۇرۇقلىرىغا بوي سۇنۇشنى تەلەپ قىلاتتى.  تۈزۈملەر ئاتالمىش  "قانۇنسىز" دىنىي ئوقۇتۇشنى چەكلىدى، يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرلىرىنىڭ دىن ئۇستىدىكى كونتورول قىلىش كۈچىنى كېڭەيتتى.  نەتىجىدە، توردا ئېلىپ بېرىلغان ھەرخىل دىنىي پائالىيەتلەر تۇرۇشلۇق دىنىي ئىشلار ئىدارىسىگە دوكلات قىلىش كېرەك ئىدى. دىنىي گۇرۇپپىلار  100.000 يۇئەن (15.900 دوللار) دىن ئاشقان ئىئانىلەرنىمۇ دوكلات قىلىش كىرەك ئىدى. بۇ تۈزۈمنىڭ يولغا قويۇلىشى بىلەن 1980 .يىلىنىڭ باشلىرىدىن بىرى  مۇستەقىل دىنىي پائالىيەتلەر ئۈچۈن مەۋجۇت بولغان قانۇندىكى ئىنىقسىزلىق رەسمىي ئاخىرلاشتى.

2018. يىلى مارتتا دىنىي ئىشلاردىكى ئەدىليە ھوقۇقىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئورگىنى بولغان دۆلەتلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىسىدىن ئېلىپ  كوممۇنىست پارتىيىنىڭ ئورگىنى بولغان ئالدىنقى سەپ خىزمەت ئىتتىپاقىغا بەردى. بۇ دىنىي گۇرۇپپىلارنىڭ دىنىي ئىشلار ئىدارىسى بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇش كېرەك دېگەنلىك ئىدى،  بۇنىڭ بىرلىكتە دىن ۋە پارتىيە ئارىسىدىكى توسالغۇ تېخىمۇ ئازايدى. پارتىيىنىڭ دىنىي ئۇستىدىكى كونترول قىلىشى تېخىمۇ كۈچەيدى. سىنتەبىردە، ئالدىنقى سەپ خىزمەت ئىتتىپاقى بارلىق  ئۆلكە ۋە شەھەرلەردە دىنىي سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى نازارەت قىلىدىغان پروگراممىنى پۈتۈن دۆلەت ئىچىدە يول قويىدى.

ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئەركىنلىكنى ۋە ئىنسان ھەقلىرىنى باستۇرۇشى ۋە بۇ توغرۇلۇق كەڭ- كۆلەمدە تەشۋىق قىلىنىشى بىلەن 2018. يىلىنىڭ كىيىنكى يېرىمىدا خەلقئارانىڭ جوڭگوغا بولغان تەنقىدى كۆپەيدى.  2018. يىلى ئاۋغۇستا، بىرلەشكەن دەۋلەتلەر  تەشكىلاتى ئىرقى كەمسىتىشنى يۇقىتىش كۆمىتىتي جوڭگونىڭ شىنجاڭ (شەرىقى تۈركىستان دەپمۇ ئاتالماقتا)  ۋە تىبەتتىكى قەبىھ سىياسەتىنى تەنقىت قىلدى. 2018. يىلى سىنتەبىردە،  بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى كۆمىتىتي جوڭگودىن  بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ  تەكشۈرگۈچىلىرىنى جوڭگونىڭ  شىنجاڭ ۋە باشقا رايۇنلارنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت قىلىشقا چاقىردى (لېكىن بۇ دوكلاتنى تۈگەتكۈچە بولغان ئارلىقتا ئەمەلگە ئاشمىدى) . 2018. يىلى نويابىرنىڭ 6. كۈنى  جوڭگو  ھۆكۈمىتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر  تەشكىلاتىنىڭ دۇنيا ئىنسان ھەقلىرىنى قەرەللىك كۆزدىن ئۆتكۈزۈش يىغىنىدا سوراققا تاتىلدى.  بىرلەشكەن دۆلەتلار  تەشكىلاتىنىڭ 24 ۋەكىلى جوڭگو  ھۆكۈمىتىدىن دىنىي ئەركىنلىك مەسىلىسى توغرۇلۇق سۇئال سوردى.، لېكىن جوڭگو  ھۆكۈمىتى "ئەمەلىي ئەمەس"  ۋە "سىياسى قۇتراتقۇلۇق" دەپ ئۇلارنىڭ سۇئاللىرىنى رەت قىلدى. يىغىنىنىڭ ئاخىرىدا نۇپۇسىنىڭ كۆپ قىسمى مۇسۇلمان بولغان  ھىندۇنېزىيە ۋە مالايسىيە  قاتارلىق بىر نەچچە دۆلەت ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىنىشى توغرۇلۇق ئۆزلىرىنىڭ ئەندىشلىرىنى ئۇچۇق- ئاشكارا جوڭگو  ھۆكۈمىتىگە بىلدۈردى.

## 2018. يىلدىكى دىنىي ئەركىنلىك ئەھۋالى

2018 . يىلى جوڭگو كوممۇنىست  پارتىيىسى دىنغا تېخىمۇ قارشى پوزىتسىيەدە بولدى، .بەزەن دىنىي
گۇرۇپپىلارغا "چەتئەللىكلەر" تەسىر قىلدى دەپ قارالدى. ئاپرېلدىكى يىغىندا شىجىنپىڭ پارتىيە كادىرلىرىغا دىندار
ئىنسانلارنىڭ "ئۇزىنى-ئۇزى باشقۇرۇشى، دۆلەتنىڭ يۇقىرى مەنپەتى ئۇچۇن خىزمەت قىلىشى" ۋە
"سوتسىيالىزىمنىڭ يادرولۇق قىممەت قارشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كىرەكلىكىنى" دېدى.  ھۆكۈمەتكە تەۋە جوڭگو
خرىستىيان مەجلىسى ۋە جوڭگو ئىسلام جەمىيىتى بەش يىل ئىچىدە خرىستىيان دىنىنىي ۋە ئىسلام دىنىنىي جوڭگوچە
ئالاھىدىلىككە ئىگە (خىتايلاشتۇرۇش)  قىلىدىغانلىقىنى جاكالىدى. جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ "ئەنئەنىۋى مەدىنىيىتىنىڭ" بىر
قىسمى دەپ قارىغان  ماھايانا بۇددىزم ۋە تاۋئىزىمنىڭ (داۋىزم دەپمۇ يېزىلىدۇ)   پائالىيەتلىرى قاتتىق چەكلىمىلەرگە
ئۇچۇردى.  2018 . يىلى، يەرلىك ھۆكۈمەت كۆپلىگەن بۇددىست ۋە تاۋىست بۇدخانىلىرىنى تاقىۋەتتى ياكى
چېقىۋەتتى. بۇددا ۋە لاۋزى ھەيكىلىنىمۇ چېقىۋەتتى.

**ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلار :** تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى دېيىشىچە، 2017. يىلى ئاپرېلدىن بىرى شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ھۆكۈمىتى كوممۇنىست پارتىيە سېكرىتارى چېن چۇئەن گونىڭ رەھبەرلىكىدە  ئۇيغۇر،
قازاق، قىرغىز ۋە باشقا مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ 800.000  بەلكى ئىككى مىليوندىن ئارتۇق  ئۇيغۇر، قازاق،
قىرغىز ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنى لاگىرلارغا (زۇلۇم زىندانلىرىغا) سولغان. جوڭگو ھۆكۈمىتى دەسلەپتە بۇ
لاگىرلارنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلغان ئىدى.، كيىن بۇ لاگىرلارنىڭ تېرروريزمغا قارشى تۇرۇش ۋە كەسپى
تەربىيلەش مەقسىتىدە قۇرۇلغانلىقىنى قوبۇل قىلدى.  لېكىن تۇنۇلغان دوختۇر، پروفېسور، تىجارەتچى ۋە كەسپى
خادىملارنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى جوڭگو  ھۆكۈمىتىنىڭ لاگىرلار توغرۇلۇق باھانىسىنىڭ يالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر
ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ دېيىشچە تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ ئىچىدە ئاز دېگەندە 242 كىشىنىڭ سەنئەتچى،
مۇخبىر، ئۇنىۋېرسىتېت پروفېسسورلىرىدىن تەركىب تاپقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن ۋە 96  ئوقۇغۇچىدىن تەشكىل
قىلغان. تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ كۆپ قىسمى ھېچقانداق جىنايەت بىلەن ئەيىبلەنمىگەن، لېكىن "نورمال بولمىغان"
ساقال قويغان،چۈمبەل كىيگەن، توردىن دىنىي ماتېريال كۆرگەن ۋە "قانۇنسىز" دىنىي پائالىيەتكە قاتناشقان
دېگەنگە ئوخشاش  ئاتالمىش دىنىي "ئاشقۇن"  دەپ تۇتقۇن قىلىنغان.  لاگىردا يېتىپ چىققانلارنىڭ دېيىشىچە،
لاگىردا ياتقانلارنى ئىسلام دىنىدىن ۋاز كېچىشكە ۋە كوممۇنىست پارتىيىگە سادىق بۇلۇشقا قەسەم بىرىش تەلەپ
قىلغان.  تۇتقۇن قىلىنغان ئىنسانلار ناھايىتى تار- قىستىلاڭغۇ ئەسلىھەلەردە داۋاملىق ناچار مۇئامىلىگە ئۇچۇرغان ۋە
پاكىزە بولمىغان شارائىتتا ياشاشقا مەجبۇر بولغان، نەتىجىدە  بىر نەچچە كىشىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغان.  بىر
قىسمى دۆلەت ياردەم قىلىدىغان شەخسلەر ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان فابرىكىلاردا ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىنغان.

لاگىرنىڭ سىرتىدا، جوڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭ (شەرقى تۈركىستان) 'دا  ئىنسانلارنىڭ نورمال ھاياتىغا ۋە
ھۇزۇرىغا داۋاملىق دەخلى قىلىدىغان بىر شەكىلدە "ئۇستى ئۇچۇق تۇرمالارنى" سالدى. ئۇنىڭدىن باشقا  قۇراللىق
تەكشۈرۈش نوختىلىرى ۋە ساقچىخانىلاردىكى  كەمسىتىش شەكلىدىكى كىملىك تۇرغۇزۇش ئېلىپ باردى، جوڭگو
ئىچىدە  ۋە سىرتىغا ساياھەت چەكلىمىسى يولغا قويدى،  خەلقارالىق ئورۇن بەلگىلەش(ئىز قوغلاش) سىستېمىسىنى
يولغا قويدى، مۇسۇلمانلارنى نازارەت قىلىش ئۇچۈن  يۈز ۋە كۆز تونۇش سېستىمىسىنى يولغا قويدى، د ن ئا
ئەۋرىشكىسى ۋە ئاۋاز ئەۋرىشكىسىنى  ئالدى.  بۇ رايۇنىنىڭ مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىدە دۇكانلاردا يېمەك-
ئىچمەك مەھسۇلاتلىرى ۋە مۇلازىمەتلىرى ئۇچۇن ھالال ماركىسىنى ئىشلىتىشنى چەكلىدى.  مىڭلىغان جامىلەر
تاقىۋېتىلدى ياكى چېقىۋېتىلدى. 2018. يىلى نويابىردا  جوڭگو سوت مەھكىمىسى تۇنۇلغان تىجارەتچى ۋە
ساخاۋەتچى ئابدۇغاپپار ئابدۇرۇسۇلنى رۇخسەتسىز مەككىگە ھەج قىلغانلىقى ئۇچۈن ئۆلۈم جازاسى بەردى. 2017.

يىلى دېكابىردىن باشلاپ، شىنجاڭ ئالدىنقى سەپ خىزمەت ئېتتىپاقىغا "بىر جۈپ ئائىلە" (قېرىنداش ئائىلە) پروگراممىنى يولغا قويدى. بىر مىليوندىن ئارتۇق يەرلىك ھۆكۈمەت ئىشچى خىزمەتچىلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيىگە ھەر ئىككى ئايدا ئەڭ ئاز دېگەندە بەش قېتىم ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئىدېئولوگىيىسى ۋە قىلغان دىنىي پائالىيىتى توغرۇلۇق باھا يېزىش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار ئائىلەلەرنىڭ شەخسى ئىشى بولغان تۆي، دەپنە مۇراسىمغا قاتنىشىش، يېمەكلەرنى بىرلىكتە يېيىش، بىرلىكتە ئائىلە رەسمى چۈشۈش، ساھىبخانىنىڭ كارۋىتىدا ئۇخلاشقا ئوخشاش پائالىيەتلەر بىلەن ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ۋە ھۇزۇرىغا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە دەخلى-تەرۇز قىلدى. ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتى، خىتاي بىخەتەرلىك ئىدارىسى ۋە ئۇلارنىڭ شېرىكلىرىنىڭ ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى راھەتسىز قىلىشقا ئۇرۇنغانلىق توغرۇلۇق ئىشەنچىلىك مەلۇمات تاپشۇرۇپ ئالدى.

ئۇيغۇر مۇسۇلمان گۈلمىرە ئىمىن تۇتقۇن قىلىنغاندا يەرلىك ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى بولۇپ، 2009. يىلى ئىيۇل ئۈرۈمچىدىكى نامايىشنى تەشكىللەشتە رول ئۇيناندانلىقنى رەت قىلسىمۇ بۇنى باھانە كۆرسىتىپ ئۇنى ئۆمۈر بويى قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان ۋە ھازىر قاماقتا ياتماقتا. ئۆ ئۆتكەن يىلى، ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتى گۈلمىرە ئىمىننى كومىتېتنىڭ [ۋىجدان مەھبۇسلىرى لايىھەسىنىڭ](#) ئىچىدە ئۇنى ھىمايە قىلدى.

نوپۇسى 10 مىليون بولغان پەرىقلىق مۇسۇلمان گۇرۇپ تۇنگانلار (خۇيزۇلار)، ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش كەڭ كۆلەمدە باستۇرۇشقا ئۇچرىمىدى، لېكىن بۇ يىل ئىچىدە ئۇلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىگە بولغان چەكلىمە ئاشتى. 2018. يىلى دېكابىردا، يەرلىك ھۆكۈمەت "قانۇنىسىز دىنىي پائالىيەت" بىلەن شۇغۇللاندى دېگەن تەشەببۇس بىلەن يۈننەن ئۆلكىسىدىكى ئۈچ جامىنى تاقىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جامىنىڭ تاقىلىپ كېتىشىگە قارشى چىققان نامايىشچىلار ساقچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا .ئۇچرىدى. ئاۋغۇستتا، نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت يېڭى سېلىنغان چوڭ جامىنى چېقىۋېتىشنى پىلانلىدى، لېكىن يۈزلىگەن مۇسۇلمانلارنىڭ قارشى چىقىشى بىلەن جامىنى چېقىشنى كېچىكتۈردى. نىڭشىيا ۋە گەنسۇ ئۆلكىسىدە يەرلىك ھۆكۈمەت بىنالاردىكى ئەرەپچە ئىشارەتلەرنى ئېلىپ تاشلىدى ۋە ئەرەب تىلى مەكتەپلىرىنى مەجبۇرى تاقىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھالال يېمەكلىكلەرگە قارشى گۇرۇپ مۇسۇلمانلارنى راھەتسىز قىلدى ۋە ھالال رېستورانلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. دېكابىردا، گەنسۇ ۋە باشقا ئالتە ئۆلكىدە يەرلىك ھالال يېمەكلىك بېكىتىش ئۆلچەملىرىنى بىكا قىلىشى بىلەن، مۇسۇلمانلارنىڭ يېمەكلىكلەرنىڭ قايسىنىڭ ھالال ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىشى قىيىنلاشتى. نويابىردا، نىڭشىيادىن ئەمەلدارلار شىنجاڭغا بېرىپ زۇلۇم لاگىرى توغرۇلۇق ئۇچۇر ئالدى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىلەن "تېررورلۇققا قارشى ھەمكارلىق" كېلىشىمى ئىمزالىدى.

**تىبەت راھىبلىرى:** 2018. يىلى جوڭگو ھۆكۈمىتى تىبەتتە تىبەت راھىبلىرىنى ئاسېيلماتسىيە قىلىشنى ۋە باستۇرۇش ستراتېگىيىسىنى داۋاملاشتۇردى. ھۆكۈمەت راھىبلارنىڭ تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىنى، دىنغا مۇناسىۋەتلىك يەرلەرنىڭ قۇرۇلىشى، رېمۇنىت قىلىنىشىنى ۋە دىنىي يىغىلىشلارنى كونترول قىلدى. تىبەت ئاپتونوم رايونىنىڭ بىر قىسمىدا، يەرلىك ھۆكۈمەت ئۆسمۈرلەرنىڭ بايرام كۈنلىرىدە دىنىي مۇراسىملارغا قاتنىشىشىنى چەكلىدى. 2018. يىلى، تىبەت ئاپتونوم رايونى بىخەتەرلىك ئىدارىسى "تەشكىللىك قىلىنغان جىنايەتلەرنىڭ" تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى، بۇنىڭ بىلەن تىبەت تىلىنى ۋە مەدىنىيىتىنى تەشۋىق قىلىدىغان خەلىقنىڭ ئاكتىپ پائالىيەتلىرى چەكلەندى. ئاغۇستتا، ھۆكۈمەت يېڭى سىياسەتنى تونۇشتۇردى، يەنى راھىب ۋە راھىبەلەردىن "سىياسىي دۇرۇسلۇق" ، " ئەخلاقى توغرۇلۇق" ھالقىلىق ۋاقىتلاردا ئاكتىپ رول ئويناشقا" رازى بولۇش تەلەپ قىلىندى، ئىنسان ھەقلىرى گۇرۇپپىلىرى ھۆكۈمەتنىڭ راھىبلاردىن ھۆكۈمەتكە قارشى نامايىشقا قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى دەپ قارىماقتا. ئىبادەتخانىللاردا تەشۋىقات

ئېلىپ بېرىشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت بىر نەچچە گۇرۇپ راھىب ۋە راھىبەلەرنىڭ تاللاپ يازدا ئۈچ كۈن تەربىيىلەش ئېلىپ باردى. 2017. يىلى 17. فېۋرالدا چوڭ ئوت ئاپىتى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر مائارىپ، بىلىم ۋە مەدەنىيەتلەر تەشكىلاتىنىڭ دۇنيا مىراسلىرىدىن بىرى بولغان تىبەت بۇددا دىنىنىڭ قىممەتلىك يادىكارلىرى ساقلانغان لاسادىكى جوخاڭ بۇتخانىسىغا زىيان يەتكۈزدى. ئىنسان ھەقلىرى گۇرۇپپىلىرى سۈنئىي ھەمرادىن تارتىلغان سۈرەتلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ سېلىنغان ئېغىر زىيان توغرۇلۇق ئۇچۇرلارنى قامال قىلغانلىقىنى ئېيتماقتا.

جوڭگو ھۆكۈمىتى دالاي لامانى دىنغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىش ۋە "بۆلگۈنچىلىك" بىلەن داۋاملىق ئەيىبلىمەكتە ۋە ئاتالمىش "بۆلگۈنچىلىك" پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى دېگەن گۇماندارلار كىم بولىشىدىن قەتئىينەزەر قاتتىق باستۇرۇلماقتا. دالاي لامانى ئەيىبلەشنى رەت قىلغان ياكى بېيجىڭغا بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈشنى رەت قىلغان راھىب ۋە راھىبەلەر ئىبادەتخانىلاردىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، تۇرمىغان سۇلانغان ۋە قىيىن قىستاققا ئېلىنغان. جوڭگو ھۆكىمىتى دالاي لاما بىلەن كۆرەشكەن چەتئەللىك ئەمەلدارلارغا ئېتىراز بىلدۈرگەن. ھۆكۈمەت تىبەلىكلەرنىڭ پاسپورتىغا بولغان كونتىرولنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، تىبەتلىك تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ ھىندىستان ۋە نىپالدىكى سۈرگۈندە ياشاۋاتقان تىبەتلىكلەرنى زىيارەت قىلىشنى توسقان. ھىندىستاننىڭ بودگايادا دالاي لامانىڭ لىكسىيەسىگە (تەلىم-تەربىيىسىگە) قاتناشقان بىرنەچچە يۈز تىبەتلىكلەرنىڭ جوڭگو پاسپورتىنى مۇسادىرە قىلغان ۋە قايتقاندا پاسپورتلارنى يېرتىۋەتكەن. جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ سىياستى سەۋەبلىك 2018. يىلى جوڭگودىن كىلىپ دالاي لامانىڭ تەلىم-تەربىيىسىگە قاتناشقان تىبەتلىكلەرنىڭ سانى ئالدىنقى يىللارغا قارىغاندا كۆپ ئازايغان.

گەدھۈن چۆكيى نىيىما 20 يىلدىن كۆپ مەخپىي تۇتۇلغان بىر مەھبۇس. ئالتە ياش ۋاقتىدا دالاي دلاما تەرىپىدىن 11. بەنچەن قىلىپ تاللانغان. گەدھۈن تىبەت بۇددا دىنىدا ئېكىنچى يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە. كۆپ يىلدىن بىرى، ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتى بەنچەن لامانى كومىتېتنىڭ ۋىجدان مەھبۇسلىرى لايىھەسىنىڭ ئىچىدە ئۇنى ھىمايە قىلدى. پېيجىڭ بىلەن دالاي لاما ئارىسىدىكى دىئالوگ 2010يىلى يانۋاردىن بىرى كېچىكتۈرۈلدى. 2007. يىلدىن بىرى، ھۆكۈمەتنىڭ قاتتىق باستۇرۇش سىياسەتلىرىگە قارشى چىققان، ئەڭ ئاز بولغاندا 157 تىبەتلىك راھىب ئۆزىگە ئوت قۇيۇپ ئۆلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كىرتى ئىبادەتخانىسىنىڭ بۇرۇنقى راھىبى دروگخومۇ 2018.يىلى ئاۋغۇستتا دالاي لاما قايتىپ كەلسۇن دەپ ۋاقىرغان پېتى ئۆزىنى كۆيدۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋالدى. ئوخشاش ۋاقىتتا، جوڭگو ھۇكۇمىتى ئۆزىنىڭ دىنىنى ۋە مەدىنىيىتىنى تىنچ بىر شەكىلدە قوغداپ ھىمايە قىلغان تىبەتلىكلەرنى ئاۋارە قىلدى ۋە تۇتۇپ سولىدى. 2018 . يىلى تۇنۇلغان تىبەت تىلى ھىمايە قىلغۇچى تاشى ۋاڭچۇك 2016. يىلى مارتتا تۇتقۇن قىلىنىپ، 2017 يىلى يانۋاردا بۆلگۈنچىلىك قىلدى دېگەن گۇناھ بىلەن بەش يىللىق تۇرمىغان ئاتتى. بۇ دوكلات پۈتكۈزگەن ۋاقىتتا ئۇ تۇرمىدە ئىدى.

تىبەتنىڭ باشقا بىر قىسمىدا، جوڭگو ھۆكۈمىتى تىبەت بۇددا دىنى ئوقۇتۇشنى مەركەز قىلغان تىل ۋە دىن مەركەزلىرىگە بولغان كونترولنى داۋاملىق كۈچەيتتى . يېقىنقى يىللاردا ، ھۆكۈمەت سىچۇەن ئۆلكىسى لارۇڭ گار ۋە ياچىن گار ئىبادەتخانىلىرىدىكى مىڭلىغان راھىب، راھىبە ۋە راھىب بولمىغان كىشلەرنى مەجبۇرى چىقىرىۋەتتى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئالتە ئايغىچە بولغان "ۋەتەنپەرۋەرلىك قايتا تەربىيىلەش دەرسلىرى" گە مەجبۇرى قاتناشتۇردى. 2018 . يىلى ئۆكتەبىردە، جوڭگو ھۆكۈمىتى لارۇڭ گاردا تىبەتلەرنىڭ مۇھىم دۇئا قىلىدىغان پائالىيەتلىرىدىن بىرى بولغان دېچىن شېدرۇپ بايرىمنى ئۆتكۈزۈشنى ئۇدا ئۈچ يىل چەكلىدى. دېكابىردا، چىڭخەي ھۆكۈمىتى ئىبادەتخانىلارنىڭ بالىلارغا تىبەت تىلى ئۆگىتىدىغان دەرسلىكلەرنى چەكلىدى (بۇ خىل چەكلىمە بۇرۇن تىبەت ئاپتونوم رايونىدىلا بار ئىدى).

**خىرىستىئانلار**: 2018. يىلى 22. سېنتەبىردە، ۋاتىكان جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭى باش روھانىلارنىڭ تەيىنلىنىشىگە ۋاقىتلىق قوشۇلدى؛ بۇ كېلىشىم ئاساسىدا پوپ دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش ئاستىدىكى جۇڭگو كاتولىك ۋەتەنپەرۋەرلەر جەمئىيىتىدىن كەلگەن بۇرۇن چىركاۋ بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن يەتتە باش روھانىينى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە گەلگۈسىدىكى جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن كۆرسىتىلىدىغان بارلىق باش روھانىلانى رەت قىلىش ھوقۇقى ۋاتىكان بولىدۇ. بۇ كېلىشىم جۇڭگو كاتولىكلىرى ئىچىدە تالاش-تارتىشقا سەۋەب بولدى. چۈنكى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇ كېلىشىمنى باھانە كۆرسىتىپ تۇرۇپ يەر ئاستى چىركاۋدىكى دىن ئادەملىرىنى ۋە چىركاۋنىڭ ئەزالىرىنى جۇڭگو كاتولىك ۋەتەنپەرۋەرلەر جەمئىيىتىگە قېتىلىشىغا مەجبۇرلىدى (تەخمىنەن كاتولىكلارنىڭ يېرىمى يەر ئاستى چېركاۋلاردا ئىبادەت قىلماقتا). 2018. يىلى يەر ئاستى چىركاۋدىكى ئىككى باش روھانى ھۆكۈمەت تەيىنلىگەن باش روھانى بىلەن ئالماشتۇرۇلدى. ئۆكتەبىر ۋە نويابىردا، خېبېي يەر ئاستى چىركاۋدىكى تۆت بوپ تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا ئېلىپ كېلىنىپ جۇڭگو كاتولىك ۋەتەنپەرۋەرلەر جەمئىيىتىدىكى پوپلار بىلەن كۆرۈشىشكە مەجبۇرلىدى ۋە ئۇلارنى ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش ئاستىدىكى چىركاۋغا قېتىلىشقا ئۈچۈن ئۇلارنى قايىل قىلىشقا تىرىشتى. نويابىرنىڭ 9. كۈنى جېجاڭ ئۆلكىلىك يەرلىك ھۆكۈمەت باش روھانى پېتىر شاۋ زۇمىننى ھېچ بىر سەۋەب كۆرسەتمەي تۇرۇپ تۇتۇپ سولىدى. 14 كۈندىن كېيىن 2017 . يىلى دېكابىردا تۇتۇپ سولانغان لىشۇيدىكى يەرلىك جامائەت رەھبىرى لۇدۇڭخۇۋا بىلەن بىرلىكتە قويۇپ بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ يەر ئاستى كاتولىك چېركاۋلارنى تاقىغانلىقى، كرېست بەلگىسىنى بۇزغانلىقى، ئىنجىل ۋە باشقا دىنىي ماتېرىياللارنى مۇسادىرە قىلغانلىقى ۋە باشقا جەھەتتىن دىنىي پائالىيەتلەرنى چەكلىگەنلىكى ياكى دەخلى قىلغانلىقى توغرۇلۇق كۆپ مەلۇماتلار بار. بۇلۇپمۇ خېنەن ئۆلكىسىدە باستۇرۇش بەك ئېغىر بولۇپ، چېركاۋلار 18 ياش ئاستىدىكى بالىلارنىڭ چىركاۋدا ئۆتكۈزۈلىدىغان يەكشەنبە كۈندىكى تەلىم-تەربىيە پائالىيىتىگە ئوخشاش مۇلازىمەتلىرىنىڭ چەكلەنگەنلىكى توغرۇلۇق ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالغان.

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇش ئاستىدا بولغان ئاتالمىش ئۈچ - ئۆز ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەركىتىگە قېتىلىشنى رەت قىلغان پروتېستانت دىنىدىكى گۇرۇپپىلارغا بولغان باستۇرۇش تېخىمۇ كۈچەيتتى (تەخمىنەن پروتېستانت دىنىدىكىلەرنىڭ يېرىمىدىن ئۈچتە ئىككىسىگە قەدەر تىزىملاتمىغان. چېركاۋلاردا ئىبادەتلىرىنى قىلماقتا) . دىنىي ئەركىنلىك ھىمايىچىلىرىگە ئاساسلانغاندا، دىنىي ئېتىقادى ياكى دىن ئىبادىتى سەۋەبىدىن 5000 خرىستىئان، 1000 چېركاۋ باشقۇرغۇچىسى تۇتقۇن قىلىندى ( كۆپ قىسمى قانۇنغا خىلاپلىق قىلمىغان ۋە قىسقا ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇلغان) . ھۆكۈمەت بېيجىڭدىكى زىئون چېركاۋى، شاڭخەي ئۆلكىسىدىكى گولدېن لەمپىستەند چېركاۋى، گۇئاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى بايبۇل رىفورمىد (ئىنجىل ئىسلاھات) چېركاۋى، دەيۋىد خەۋس (دەيۋىدنىڭ ئۆيى) چېركاۋى ۋە رۇڭگۇيلى لېيىنىنى ئىچىگە ئالغان مىڭلىغان چېركاۋ ۋە دىنىي ئورۇنلارنى تاقىۋەتتى ياكى چېقىۋەتتى. 9. دېكابىردا، ساقچىلار سىچۈەن ئۆلكىسى چېڭدۇدىكى ئېرلى رۇئەين كوۋېنانت (باش يامغۇر كېلىشىم) چېركاۋىغا ھۇجۇم قىلىپ پوپ ۋاڭيى ۋە 100 دىن ئاتۇق جامائەتنى تۇتقۇن قىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قويۇپ بېرىلگەن جامائەتنىڭ بىر قىسمىنىڭ دېيىشىچە ساقچى ئۇلارنى ئۇرغان ۋە چېركاۋدىن تېنىپ قەسەم ئىچىشكە مەجبۇرلىغان. 2018 . يىلى دېكابىردا پوپ ۋاڭيى ۋە ئۇنىڭ ئايالىنى "دۆلەتنى ئاغدۇرۇشقا" قۇترىتقۇلۇق قىلدى دەپ ئەيىبلەنگەن. بىز بۇ دوكلاتىمىزنى تۈگىتىش ئالدىدا ئۇلار مەخپىي تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدا سوتلىنىش ۋاقتىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

تېخى تاقالمىغان ئۆي چېركاۋلىرىنىڭ دىنىي مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشىغا بولغان چەكلىمە كۈچىيىپ، ئاپرېلدا ھۆكۈمەت توردا ئىنجىل سېتىشنى چەكلىدى. 2018 . يىلىدا، ھۆكۈمەتنىڭ خرىستىئان دىنىنىڭ سىمۋوللىرىدىن بولغان كرېستلەرنى ، ئەيسانىڭ رەسىملىرىنى شىجىنپىڭنىڭ سۈرىتىگە ئالماشتۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقى توغرۇلۇق كۆپلىگەن مەلۇمات بار. خېنەن ئۆلكىسىدە، ئاللاھقا بولغان ساداقەتنى كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ ئۈستىگە

قويغانلىقىنى سەۋەب كۆرسىتىپ، ئون ئەمرىمەرۇپنىڭ تىزىملىكىدىن بىرىنجى بۇيرۇقنى چىقىرۋېتىشنى تەلەپ قىلغان.

چىركاۋ باشقۇرغۇچى (رەھبىرى) ۋە دىنىي ئەركىنلىك ھىمايىچىسى خۇشىگەننى 2016. يىلى، ئاتالمىش "ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇش" جىنايىتى بىلەن يەتتە يېرىم يىللىق (7.5 يىللىق) قاماق جازاسى بەرگەن ۋە ھازىر قاماقتا ياتماقتا. پۈتۈن يىل بويىچە، ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتى خۇ ئەپەندىمنى كومىتېتنىڭ ۋىجدان مەھبۇسلىرى لايىھەسىنىڭ ئىچىدە ئۇنى ھىمايە قىلدى.

**پالۇنگۇڭچىلار ۋە شېجىئاۋ گوروپلارى:** فالۇنگۇڭچىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش 1999. يىلى رەئىس جۇمھۇرى جىئاڭ زېمىن ۋاقتىدا باشلانغان ئىدى. ئۇ رەزىل 610 ھۆكۈمەت ئورگىنىنى قۇرۇپ (610 ئىدارە دەيدىغان) قانۇنىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدىن ھالقىغان بىخەتەرلىك ئاپپاراتلارنى فالۇنگۇڭچىلارى يوقىتىش ئۈچۈن قۇردى. جوڭگو ھۆكۈمىتى فالۇنگۇڭچىلارى شېجىئاۋ دەپ ئاتىدى. يەنى تەرجىمىسى "رەزىل خۇراپاتلىق" ياكى "ئىتىقادقا زىت" دېگەن مەنىدە. جوڭگو جازا قانۇنىنىڭ 300. ماددىسىغا ئاساسلانغاندا، بۇ گورۇپپىلارنىڭ بىرىگە تەۋە بولغانلار ئۈچ يىلدىن يەتتە يىلغىچە، ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ جازالانسا بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. 2018. يىلى ھۆكۈمەت فالۇنگۇڭچىلار پەقەت دىنىي ئىبادىتىنى قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار راھەتسىز قىلىنغان، تۇتۇپ سولىغان ۋە قورقۇتقان. تۇتۇپ سولانغانلارنىڭ كۆپ قىسمى تەن جازاسىغا، پسىخولوگىيىلىك خورلۇققا ۋە باسقۇنچىلىققا ئۇچۇرغان، ئۇلارغا مەجبۇرى دورا يىگۈزگەن ۋە ئۇيقۇدىن مەھرۇم قىلغان. فالۇنگۇڭچىلارى ھىمايە قىلغۇچىلارغا ئاساسلانغاندا، 2018. يىلى ھۆكۈمەت 931 فالۇنگۇڭچىلارى تۇتۇپ سولىغان. يازدا، بىر نەچچە فالۇنگۇڭچىلارى فالۇنگۇڭنى ھىمايە قىلىدىغان ئۇچۇرلارنى ئاخبارات ساھەسىدە تارقاتقانلىقى ۋە فالۇنگۇڭغا مۇناسىۋەتلىك قوللانمىلارنى تارقاتقانلىقى ئۈچۈن تۇتۇپ سولانغان. سېنتەبىردە، خېنەن ئۆلكىسى مائارىپ نازارىتى ئۇنىۋېرسىتېتلەرگە ھۆججەت چۈشۈرۈپ "رەزىل خۇراپاتلىققا" قارشى ھەركەتنى كۈچەيتىپ، ئوقۇغۇچىلارنى "رەزىل خۇراپاتلىق" لارنىڭ ئەخلاقسىزلىقلىرى توغرۇلۇق توردا ئىمتىھان بىرىشنى تەلەپ قىلغان. گەرچە جوڭگو ھۆكۈمىتى 2015. يىلى ياندۇاردا ئورگان يىغىۋېلىشنى توختاتتۇق دوپ جاكالىدى (كۆپ قىسىم ئىنسانلار يېغىۋېلىنغان ئورگانلارنىڭ فالۇنگۇڭچىلارغا تەۋە دەپ قارىماقتا)، 2018. يىلدا ئىنسان ھەقلىرى ھىمايىچىلىرى، دوختۇرلار، تەتقىقاتچى مۇخبىرلار ئورگان يىغىۋېلىشنىڭ كەڭ كۆلەمدە داۋام قىلغانلىقى توغرۇلۇق ئىسپاتلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. نويابىردا، چاڭشا ئەدلىيە ئىدارىسى، فالۇنگۇڭچىلارنى ھىمايە قىلغان ئىككى ئادۋوكاتنى سوتتا "پۈتۈن دۆلەتتە ئىتراپ قىلغان فالۇنگۇڭچىلارنىڭ رەزىل خۇراپاتلىق بىر تەشكىلات ئىكەنلىكىنى ئىنكا قىلغان" دەپ سەۋەب كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئادۋوكاتلىق كىنىشكىسىنى ئالتە ئاي توختىتىپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 2018. يىلى جوڭگو ھۆكۈمىتى مىڭلىغان باشقا "رەزىل خۇراپاتلىق"قا ئەگەشكۈچى گوروپپىلارنى راھەتسىز قىلغان ۋە قولغا ئالغان. بۇلانىڭ ئىچىدە ئالمايىتى گاد (ئۇلۇغ ئاللاھ) چېركاۋمۇ بار. بۇ يىلى ئىچىدە كۆپ كىشى تۇتۇپ سولانغان، بۇلانىڭ ئىچىدە ئالمايىتى گاد جامائىتىدىن قولغا ئېلىنغان مىڭلارچە ئىنسان بولۇپ، ئۇلار قىيىن-قىستاقلار بىلەن ئازاپلانغان ۋە خارلانغان. بەزى ئەھۋاللاردا تۈرمىدىكى ۋاقىتتا ئۆلتۈرۈلگەن ياكى يوقاپ كەتكەن.

**چاۋشيەندىن كەلگەن پاناھلانغۇچىلارى مەجبۇرى قايتۇرۇۋەتكەن:** جوڭگو ھۆكۈمىتى 1951. يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەت تەشكىلاتى پاناھلانغۇچىلار كېلىشىمى ۋە 1967. يىلى ئۆزگەرتىلگەن كېلىشىمگە داۋاملىق خىلاپلىق قىلىپ چاۋشيەندىن كەلگەن پانالانغۇچى شەخسلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە ئىلتىماسلىرىنى باھالاپ پاناھلىق سالاھىيىتىگە تۈشۈپ-توشمىغانلىقىغا قارار بەرمەيلا ئۇلارنى مەجبۇرى قايتۇرۇۋەتكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم

شەخسلەر چاۋشيەن ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي چەكلىمىسى ۋە ئىنسان ھەقلىرىگە دەخلى تەرۆز قىلغانلىقى ئۈچۈن قېچىپ كەلگەن ئىدى. يېڭىدىن تۈزۈلگەن دىنىي ئىشلار بەلگىلىمىسى فېۋرالدا كۈچكە ئىگە بولۇپ، جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ چاۋشيەنلىك پاناھلانغۇچىلارنىڭ دائىم كېلىدىغان بىر نەچچە چىركاۋنىڭ تاقىۋېتىلگەنلىكى ۋە كورىيىلىك مىسسىئونېرلەرنىڭ (دىن تارقاتقۇچىلار) چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىقى توغرۇلۇق مەلۇمات بار

**ئامېرىكىنىڭ سىياستى:** بېيجىڭنىڭ تىجارەت ۋە ئىقتىسادىي ئىشلار تىجارەت پائالىيىتى، ئامېرىكىنىڭ ئەقلى مۈلكىگە ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكىگە قىلغان تور ھۇجۇملىرى ۋە ئوغرىلىقى، رايوندىكى ئەسكىرى پائالىيىتى ئامېرىكا بىلەن جوڭگونىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جىددى ۋەزىيەتنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۋەتتى. 2018. يىلى سىنتەبىردە ئامېرىكا جوڭگونىڭ 200 بىليون قىممىتىدىكى مالغا ئېلىنغان 10 پىرسەنت چېگرا بېجىنى 2018. يىلنىڭ ئاخىردا 25 پىرسەنتكە چىقىرىدىغانلىقىنى جاكالىدى. لېكىن دېكابىردا گوروپ-20 (ئىقتىسادى كۈچلۈك دۆلەتلەردىن تەشكىللەنگەن گۇروپ) يىغىنىدا ئامېرىكا ۋە جوڭگو سودا ئۇرۇشىنى ۋاقىتلىق توختىتىش، سودا كېڭىشىنى باشلاپ ۋە كېڭەشنىڭ دوكلاتنى تاپشۇرغىچە بولغان مەزگىلچە داۋام قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق كېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسى جەنۇبىي جوڭگو دېڭىزدا ئەركىن ئەسكىرى ھەرىكەت ئوپېراتسىيىسىنى داۋاملاشتۇردى. 1.دېكابىردا كانادادا ھۆكۈمەتى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپى بويىچە خۇئاۋېينىڭ باش مالىيە مۇدىرى تۇتۇپ سولىدى. چۈنكى شىركەت ئامېرىكىنىڭ ئىرانغا ئېلىپ بارغان جازانى بۇزغانلىقىنى ئىپادە قىلدى. ئامېرىكىلىق ئەمەلدارلار جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكىدىكى ئوپېراتسىيەسىنىنىڭ تەسىرىنىڭ كۈچىيىشىدىن ئەندىشە قىلماقتا. 2019. يىلى فېۋرالدا، دوكلات مەزگىلىدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋەتلىك (مەسئۇل) ئىشخانىسى ئامېرىكا ئىنستىتۇتلىرىدىكى كۇڭزى ئىنستىتۇتلىرى توغرۇلۇق دوكلات ئېلان قىلدى.

2018. يىلىدا، ئامېرىكا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى جوڭگودىكى دىنىي ئەركىنلىك ئەھۋالىنىڭ ناچارلاشقانلىقى توغرىسىدىكى ئەندىشىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپېيو جوڭگو دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئامېرىكىنىڭ پايتەختى ۋاشىنگتوننى زىيارەت قىلغاندا دىنىي ئەركىنلىك مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى باياناتچىسى جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تاشى ۋاكچۇكغا بەرگەن جازا ھۆكۈمىنى ۋە ئېرلى رۇئەيىن كوۋېنانت (باش يامغۇر كېلىشىم) چېركاۋنى قالايمىغان قىلىشىنى ئەيىپلىدى. 2018. يىلى ئىيۇلدا، خەلىقارا دىنىي ئەركىنلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئامېرىكىنىڭ پايتەختى ۋاشىنگتۇندا ئېچىلدى. يىغىنغا كەلگەن ۋەكىللەر جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي ئەركىنلىككە قويغان ئېغىر چەكلىمىسگە قارىتا ئەندىشىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇئاۋىن پرېزىدېنت مايك پېنس 2018. يىلدىكى نۇتىقىدا "يېڭى دولقۇندا جوڭگو خرىستىئانلىرىنى، بۇددىستلارنى، مۇسۇلمانلارنى قاتتىق باستۇرغانلىقىنى سۆزلىدى ۋە ئاگاھلاندۇردى. نويابىر ئامېرىكا -جوڭگو دىپلوماتىك ۋە بىخەتەرلىك سۆھبەت يىغىندا ، ئامېرىكا جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي ئەركىنلىككە مۇناسىۋەتلىك خەلقئارا مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

نويابىردا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى جوڭگوغا قارىتا ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىمۇ ئامېرىكا ۋەكىلى جوڭگو ھۆكۈمىتىنى ئۆزمەيلىچە تۇتقۇن قىلغان بارلىق ئۇيغۇرلارنى قۇيۇپ بىرىشكە؛ تۆرمىدىكى تاشى ۋاكچۇك، ئىلھام توختى، خۇئاڭ چى، ۋاڭ چۇئەنجاڭ قاتارلىق ئىنسان ھەقلىرى ھىمايىچىلىرىنى قۇيۇپ بىرىشكە؛ تىبەت دىنىي رەھبەرلەرنى تاللاش ۋە تەربىلەشكە ئارلىششىنى توختىتىشقا چاقىردى. ئامېرىكا بۇرۇن تەيىيارلانغان ۋە ئەۋەتىلگەن سوئاللار بىلەن فالۇنگۇڭ ۋە خرىستىيان چېركاۋلىرىنىڭ تاقىۋېتىش ئەھۋالىنى سۇردى.

مەجلىس جوڭگونىڭ 2018. يىلىدا دىنىي ئەركىنلىكنى باستۇرىشىنى داۋاملىق تەنقىد قىلدى. دېكابىردا، مەجلىس ئاسىيا بىخەتەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش قانۇنىنى تەستىقلىدى (پ.ل. 115 -409) . بۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە جوڭگونىڭ ئىستراتېگىيلىك تەسىرىگە قارشى تۇرۇش، دىنىي ئەركىنلىك چەكلىمىسىگە قارشى "جىددىي ئەندىشىسىنى" ئىپادىلەش ئۈچۈن قانۇنى ھوقۇق بەردى. يەنە دېكابىردا مەجلىس ئۆز-ئارا تىبەتكە زىيارەت قىلىش قانۇنىنى تەستىقلىدى (پ.ل. 115-330)، بۇ قانۇن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنى جوڭگونىڭ ئامېرىكىلىق دىپلوماتلارغا، مۇخبىرلارغا ۋە ساياھەتچىلەرگە تىبەتكە بېرىشقا رۇخسەت بىرىپ-بەرمىگەنلىك ئەھۋالى توغرۇلۇق دوكلات بىرىش، ئەگەر تىبەتكە بېرىشقا رۇخسەت قىلمىغان جوڭگو ئەمەلدارلىرىغا ئامېرىكا ساياھىتى ئۈچۈن ۋىزا رەت قىلىش تەلەپ قىلىنغان. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدىكى ئاۋام پالاتا كېڭەش پالاتا ۋەكىللىرى 2018. يىلى ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى سىياسىتى قانۇنىنى تۇنۇشتۇردى (ھ.ر. 7123\س.3622) بۇ قانۇندا تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنى شىنجاڭ ئۈچۈن ئالاھىدە بىر كوئوردىناتور (مەسئۇل كىشى) تەيىنلەش ۋە مۇناسىۋەتلىك شەخسلەرنى جازالاش تەلەپ قىلىندى؛ ھەر ئىككى قانۇن لاھىيىسى 115. مەجلىس يىغىنى تۈگەشتىن بۇرۇن ئاۋازغا قويۇلمىدى. شۇڭا ھەر ئىككى قانۇن لايىھەسى 2019. يىلىنىڭ بېشىدا بۇ دوكلات مەزگىلىدىن كىين قايتا تونۇشتۇرۇلىدۇ.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى 2018 . يىلى نويابىردا جوڭگونى قايتا «ئالاھىدە ئەندىشىلىك دۆلەت» دەپ كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپېيو ھازىر يۈرگۈزۋاتقان جىنايەتنى كونترول قىلىش ۋە سىزىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىكسپورت چەكلىمىسىنىڭ مۇددىتىنى ئۇزارتتى.

**رەئىس (مەسئۇل كىشى) تەنزىن دورجىنىڭ شەخسى كۆزقارشى:**

ئەگەر بىز دۇنيادا ئالاھىدە ئەندىشلىك دۆلەتتىن بىرنى بەلگىلىسەك، بۇنىڭ ئېنىقلىمىسىغا دەل چۈشىدىغان بىرىن-بىر دەۋلەت جوڭگو. دىنىي ئەركىنلىكنىڭ ئىسمىلا مەۋجۇت بولۇپ، ھەقىقى دىنىي ئەركىنلىك جوڭگودا مەۋجۇت ئەمەس. جوڭگو دىنىي جوڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان (خىتايلاشتۇرغان) ۋە بىخەتەرلىك مەسىلىسى قىلىپ ئۆزىنىڭ سىياسى كۈنتەرتىپى قىلغان. بولۇپمۇ تىبەت شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا ئەھۋال بەك ئېغىر. تىبەتتە، جوڭگو تىرىلىش سىستېمىسىنى جوڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان (خىتايلاشتۇرغان) ۋە سىياسىيلاشتۇرغان ۋە تىبەتلىكلەرنىڭ بوددا دىنىي ئۈچۈن بەك مۇھىم بولغان ئىبادەتخانىلاردىكى بۇددا دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇ-ئۇقۇتۇش ئىشلىرىنى بەك ئىنچىكىلىك بىلەن كونترول قىلغان. كۆلكىلىك يېرى شۇكى، پەقەت ئۇلارنىڭ سىياسىتىگە ۋە باشقۇرۇشىغا بويسۇنۇپ ئۇلارغا خىزمەت قىلغاندىلا جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تىبەتتە قايتىدىن تىرىلگەن بارلىق ياشاۋاتقان بۇددالارنى تاللاش ھوقۇقى بارلىقىنى رەسمى ئىپادە قىلدى. بۇنىڭغا قارىتا، جوڭگو يىللار بۇرۇن پانچەن گەدھۈن چوكىي نىيمانىڭ ئىزدىرىكىنى مەجبۇرى يۇقاتتى ۋە كونترول قىلىش ۋە كۆز بويامچىلىق قىلىپ گىيالتسەن نوربۇنى ئۇنىڭ ئورنىغا تەيىنلىدى. رويتىرس بىلەن قىلغان ئەڭ يېقىنقى سۆھبەتتە، ئۇلۇغ دالاي لاما ئۇنىڭ كىينكى تىرىلىشى "بۇ يەر" (ھىندىستان) - ئەركىن دەۋلەتتە تىرىلىش ئېھتىمالى بار دېدى. ئۇلۇغ دالاي لامانىڭ دېيىشىچە، جوڭگو ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ تىرىلىشىدىن كۆپرەك جوڭگو ھۆكۈمىتى تاللىغانغا ھېچكىمنىڭ ئىشەنمەسلىكىدىن ۋە ھۆرمەت قىلماسلىقىدىن ئەنسىرەيدىكەن ۋە بۇ پەقەت جوڭگونىڭ مەسىلىسى ئىكەن. يېقىندىكى ئۇلۇغ دالاي لامنىڭ پىكرىچە جوڭگو ھۆكۈمىتى بۇددا دىنىي ۋە قايتىدىن تىرىلىش سىستېمىسىغا ماقۇل بۇلىشى، ئۇنىڭ تىرلىشىنى (كۆچكەن روھىنى) ئىزدەش كىرەكلىنى، ئۇنىڭدىن كىين ماۋزىدوڭ ۋە دېڭ شاۋپىڭنىڭ كۆچكەن روھىنى ئىزدەپ تېپىش ئۇيغۇن ئىكەن. پەنچەن( بەنچەن) لامادىن پەرىقلىق بولغىنى، جوڭگو دالاي لامانىڭ قايتىدىن تىرلىشىنى كونترول قىلالمايدىكەن، چۈنكى جوڭگۇ - تىبەت مەسىلىسى ھەل بولمىغىچە دالاي لاما ئەركىن دەۋلەتتە

تىرىلىدىكەن. غەلىبە قىلىش قارتى دالەي لاما ۋە تىبەت خەلقىنىڭ قولىدا. دېمەك جوڭگو – تىبەت مەسىلىسى داۋام قىلىدۇ. پەرىقلىق باھالاش مەۋجۇت، ئەركىنلىك سارىيىگە ئاساسلانغاندا تىبەتتىكى دىن ۋە ئىنسان ھەقلىرى ئەھۋالى سۇرىيەدىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ۋە چاۋشەندىنمۇ ناچار. ئۇيغۇر ۋە تىبەتلەر جوڭگودىكى ئەڭ كۆپ زۇلۇمغا ئۇچۇرغان ئىككى ئاز سانلىق مىللەت.

شىنجاڭدا، تەخمىنەن ئىككى مىلىيونغا قەدەر ئۇيغۇرلارنى لاگىرىغا قامىدى. جوڭگو يۇقىرى سەۋىيىدىكى تېخنىكىنى ئۇيغۇرلارنىڭ، تىبەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە دىنىي پائالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بالىلارمۇ بار. جوڭگو لاگىرلارنى ئۇيغۇرلارنى قايتا تەربىيلەش مەركىزى دەپ ئاتىدى، تىبەت توغرۇلۇق يېڭى ئاق تاشلىق كىتاب بولۇپ، سىستىملىق ۋە خاتا ھالدا تىبەتتە ئېلىپ بارغان دىنىي ئەركىنلىك ۋە ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندە قىلىشىنى تىبەتنى باشقۇرغان 60. يىل ئىچىدىكى دېمۇكراتىك ئىسلاھات دەپ ئاتىدى. مەن جوڭگونى ئىنسان ھەقلىرىنى ھۆرمەت قىلىشقا، لاگىرلاردىكى بارلىق ئۇيغۇرلارنى قويۇپ بىرىشكە، ۋە پەنچەن (بەنچەن) لامانى، تاشى ۋاڭچۇك، گۈلمىرە ئىمىننى ۋە باشقا بارلىق ۋىجدان مەھبۇسلىرىنى دەرھال قويۇپ بىرىشكە چاقىرىمەن. ئۆز-ئارا تىبەتكە زىيارەت قىلىش قانۇنىنىغا ئاساسەن، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى يېقىندا ئۆزىنىڭ تىبەتكە ساياھەت چەكلىمىسىگە مۇناسىۋەتلىك بىرىنچى "توغرا ھۆججەتلەرنى" ئوتتۇرغا قويدى ۋە جوڭگونىڭ دوكلاتىغا قارىتا تەنقىدىگە جاۋاب بەردى. جوڭگو چەتئەللىك مۇخبىرلار كۆلۇبى ئۆزلىرىنىڭ تىمغا مۇناسىۋەتلىك كۆز-قاراشلىرىنى ئوتتۇرغا قۇيۇپ تىبەت ئاپتونوم رايونىغا ئەركىن-ئازادە ساياھەتكە يول قۇيۇشقا چاقىرىق قىلدى ۋە ئىنسان ھەقلىرى ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك تىبەت رايونلىرىدىن يىققان توغرا ئۇچۇرلارنى ئېلان قىلدى. مەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ دۇنياۋى ماگنىتسكىي كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى ۋە ئۆز-ئارا تىبەتكە زىيارەت قىلىش قانۇنىنى ئىشقا سېلىشقا تەكىلىپ قىلىمەن.

**كومىسسار جوننى مورىينىڭ شەخسى كۆز قارشى**

مىنىڭ شەخسى كۆزقارشىمچە بۇ يىل مىنى بەك ئەنسىرىتىدىغان دىنىي ئەركىنلىككە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋال بولسا ۋاتىكاننىڭ جوڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن دىپلوماتىك كېڭەش نەتىجىسىد ھۆكۈمەت تەيىنلىگەن دىنىي روھانىيلارنى قوبۇل قىلىشى ۋە بۇ كېلىشىمنىڭ بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا جوڭگودا قورقۇنچ زىيانكەشلىكلەرگە تىزپۈكمىگەن دىنىي رەھبەرلەرگىمۇ تەسىرى قىلىپ ئۇلارنىڭ ئورنىنى بىكار قىلىشى ۋە تۇنۇلغان كاتولىك رەھبەرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشىدۇر.

ھەقىقەتەن، ۋاتىكان بىلەن كېڭەش ئېلىپ بېرىۋاتقان بىرنەچچە كۈندىن كيىن جوڭگو كېڭەشنى باھانە قىلىپ مىللەتنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە مەشھۇر تىزىمغا ئېلىنمىغان چىركاۋنى تاقىۋەتتى. بۇ ھازىرمۇ داۋام قىلماقتا. گەرچە ئېھتىياتسىزلىقتىن خىرىستىئانلارنى ۋەھشىچە باستۇرۇش ئۈچۈن جوڭگوغا رۇخسەت قىلغان (بو دوكلاتتا ئىپادە قىلغاندەك) ھەمدە جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەتنىڭ غەربى قىسمىدا مۇسۇلمانلارغا يۈرگۈزۋاتقان ئىنسانىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان، كەچۈرگۈسىز ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان خارلاش ۋە زىيانكەشلىكلىرىنىڭ داۋام قىلىشى ئۈچۈن باھانە بولىدۇ. ۋاتىكان ھەم دىن ئورۇن ۋە دەۋلەت بولۇش سۇپىتى بىلەن ئۆزى ياراتقان مەسلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەخلاقى ۋە قانۇنى مەسئۇلىيتى بار.

بۇنىڭ ئىچىدە دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر خىلاپلىق قىلغۇچىلار بولغان تەقدىردىمۇ، مەن بۇ سۆھبەتنى قوللايمەن. جوڭگودا بولغاندەك، مىنىڭ بۇ قاتنىششىمنىڭ (خىزمىتىم) نەتىجىسىدە ئارزۇ قىلمىغان نەتىجە .ئوتتۇرغا چىقماسلىقى

كېرەك. ۋاتىكان ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزدى. بۇ ئىشتا ئەستايىدىل بولۇشىمىز كېرەك. بۇ بالايىئاپەتنى جىددىي ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن ھەل قىلىشىمىز كېرەك.